# خوتەن خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى تارىخىي تۆھپىلىرى

يىن ۋېن

قەدىمكى ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) كېيىن دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتە ئالاقە قىلىشقان. ئۇ چاغدىكى «كۇئېنلۇن قاشتېشى»، يەنى خوتەن قاشتېشى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۈزلۈكسىز توشۇلۇپ تۇرغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي رايونغا كەلگەندە، مۇئاۋىن ئەلچى نۇرغۇن سوغات بىلەن ئۇدۇنغا بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ، بۇ يەرنىڭ تاغ - دەريالىرىغا دائىر جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئۇدۇن خەلقىنىڭ دوستلۇق مېھرىنى ئېلىپ قايتقان. ئەينى ۋاقىتتا، بۈگۈنكى چىرىيىگە يېقىن جايلاشقان قۇمىد ئېلىنىڭ خانى ئۇلار بىلەن بىللە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئادەم ئەۋەتكەن. قۇمىد شاھزادىسى لەيدەن چاڭئەنگە بېرىپ ئۆگىنىش، سەيلە - ساياھەت ئېلىپ بارغاندا ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىنغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى خەن پادىشاھى جاۋدى ئۇنى شاۋيۈي دەرىجىلىك سەركەردە ئۇنۋانى بىلەن مەركىزىي خاندانلىققا ۋاكالىتەن بۈگۈر، چېدىر (ھازىرقى بۈگۈر، كورلا ئەتراپى) نىڭ ھەربىي تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىگەن.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، غەربىي رايون ھىراۋۇل (قورۇقچىبەگ) مەھكىمىسىنى قۇرغان. خوتەن دائىرىسىدە ئۇدۇن قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خان، تۆرە ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ مەنسەپكە تەيىنلىشىنى قوبۇل قىلىپ، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. ئەينى ۋاقىتتا، يىپەك يولى راۋان بولۇپ، ئۇدۇن جەنۇبىي يول بويىچە مۇھىم بازار (كەنت) سۈپىتىدە جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، تەتۈر-

سىگە ئىش تۇتقانلىقى نەتىجىسىدە، غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغان. ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى قايتىدىن بېسىپ كېلىپ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايوننى ئاياق - ئاستى قىلغاندا، يەكەن، ئۇدۇن خانلىرى بىرلىشىپ ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەسىر كۈچىگە قاتتىق زەربە بەرگەن ھەم غەربىي رايون ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئەمەلدار ۋە ئائىلە تەۋەلىرىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قوغداپ قالغان. كېيىن بىر قانچە قېتىم جەڭ - مالىمانچىلىقلار بولغان. ئۇدۇن ئاقسۆڭەكلىرىدىن شيۇموبا خەنزۇلاردىن خەن جۈننىڭ ياردىمى بىلەن خان بولغان. ئۇنىڭ جىيەنى گۇاڭدې ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، ئۇدۇن گۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تاپقان. «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا جىڭجۆ (ھازىرقى نىيە) نىڭ غەربىي شىمالىدىن سۇلېي (ھازىرقى قەشقەر) غىچە بولغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئۇنىڭ قارمىقىدا بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادى 73 - يىلى بەن چاۋ شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن غەربىي رايونغا ئەۋەتىلگەندە، ئۇدۇن خانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مىلادى 76 - يىلى خەن پادىشاھى مىڭدى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ چېگرا رايون ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا مادارى يەتمەي، بەن چاۋ قاتارلىقلارغا ئوياڭغا قايتىشقا بۇيرۇق بېرىلگەن، ئۇدۇن خانى گۇاڭدې بەن چاۋنى شەرققە قايتىشتىن قەتئىي توسقان. ئۇلار «ئۇنىڭ ئېتىغا ئېسىلىۋېلىپ ماڭدۇرمىغان». گۇاڭدې ۋە كەڭ ئاممىنىڭ بىردەك تەلەپ قىلىشى ۋە ماڭدۇرماي تۇتۇۋېلىشى بىلەن بەن چاۋ قېپقېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاش يولىدا كۆرەش قىلغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ھىراۋۇل (قوروقچى) لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان غەربىي رايون دورغابى ئۇدۇنغا يۆلىنىپ بارغان. ئۇدۇن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىش ۋە سەيلە - ساياھەت قىلىشقا دائىم ئادەم ئەۋەتىپ، خەنزۇلارنىڭ تۈزۈمىنى ئۆگەنگەن. ئۈچ دۆلەت، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، مەركىزىي خانلىق بىر قانچە قېتىم ئالمىشىپ، يىراق جايلاردىن خەۋەر ئېلىشقا ۋاقتى يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇدۇن يەرلىك ھاكىمىيىتى يەنىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە داۋاملىق ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرغان. جىن خانلىقى ئۇدۇن خانىغا «جىن سۇلالىسى دىۋان ياساۋۇل بېگى،

ئۇلۇغ تۇتۇق ھىراۋۇل، جىن خاندانلىقىدىن پەرمان ئالغان ئۇلۇغبەگ، جىن خان-
دانلىقىغا ئىخلاسمەن زات» دېگەن نامنى بەرگەن. بۇ مەزگىلدە، بۆلۈنۈش، مىللىي
يېغىلىقلار يۈز بەرگەن، ئۇدۇندىكى ئۇرۇش ئاپىتىگە كۆپ ئۇچرىغان، دائىم
بۇلاڭ - تالاڭ، چاپ - چاپ قىلىنىپ ئېغىر ئازاپ چەككەن كەڭ ئامما دەھشەت-
لىك ئەمەلىيەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تېخىمۇ بەك ئىنتىلگەن، دۆلەتنىڭ بىرلى-
كىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلگەن. مىلادى 581 - يىلى سۈي سۇلالىسى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ غەربىي رايوننىڭ قاتناش يولىنى قايتىدىن
ئاچقان. ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ خاندانلىقى، بولۇپمۇ پادىشا تاڭ تەيزۇڭ چېگرا
رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا بىر قەدەر توغرا سىياسەت قوللان-
غان، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇدۇننىڭ
ھەر قايسى جايلىرىنى قايتىدىن مەركىزىي فېئودال خاندانلىقنىڭ بىر ئۇتاش
باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»
دىكى تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، خەن پادىشاھى ۋۇدىدىن بۇيانقى مەركىزىي
خاندانلىقنىڭ ئەمرى - پەرمان - دەستەكلىرىنى ئۇدۇننىڭ بىر نەچچە ئەۋلاد
خان جەمەتى قەدىرلەپ ساقلاپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە
سادىق، سەمىمىي بولۇپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. تاڭ سۇلالىسى
تيەنباۋنىڭ 3 - يىلى (744 - يىلى) ئۇدۇن خانى ۋىسار شىڭ ئۇدۇندا ساتراپ
بېگى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئاتاغلىق سەركەردە گاۋشەنجىگە ياردەملىشىپ ئۇرۇش
قىلىپ، تۇبۇت قوشۇنلىرىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق پاراكەندىچىلىكىنى مەغلۇپ
قىلىپ، غەربىي رايون بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسۇلۇپ قالغان
قاتناشنى راۋانلاشتۇرغان. مىلادى 755 - يىلى ئەنلۇشەن - شىسىمىڭ توپىلىڭى
(ئۆكتۈك - سۆيگىن توپىلىڭى) پارتلاپ، مەملىكەت زىلزىلىگە كەلگەندە، ۋىسار شىڭ
ئۆز ئىنىسى ۋىسار ياۋنى مەمۇرىي ئىشلارنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇپ تۇرۇشقا تەيىن-
لەپ، ئۆزى بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئىچكىرىگە بېرىپ توپىلاڭنى
تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈي زۇڭ پادىشاسى لى خېڭ تۇڭلۇك
جاپا - مۇشەققەت، خېيىم - خەتەرگە قارىماي، ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىككە كېلىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشتا بىللە بولغان ۋىسار شىڭنى بەكمۇ قەدىر-
لەپ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن كۈتۈپ، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەپتى-
شلىككە تەيىنلىگەن. ئەنلۇشەن، شىسىمىڭ توپىلىڭىدىن كېيىن، ۋىسار شىڭ
چاڭئەندە قېپقالغان، تاڭ خانلىقى ئۇنى ۋۇدۇننىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلىگەن. كېيىن
ئۇنىڭ ئوغلى ۋىسار ۋېي ئوردا تەرىپىدىن ئۆكچۇ ئوبلاستىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىن-

لەنگەن. ۋىسارىشنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ توپىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن، تاڭ خاندانلىقى ئۇنىڭ ئىنىسى ۋىسار ياۋنى ئىشتان سىرتىدىكى ۋەزىر قىلىپ، ئۇدۇننىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىدا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىگەن. ۋىسار ياۋ مەركەزنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ تىنچ ۋەزىيىتىنى قوغدىغان. مىلادى 790 - يىلى، يەنى پادىشاھ دې زۇڭنىڭ يىلنامىسى جېنيۈەننىڭ 6 - يىلى تۇبۇتلار كۇئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بېسىۋالغان. دۇنخۇاڭدىكى جاڭ يىچاۋ ئۆزىگە تەۋە ئاز سانلىق مىللەت قوۋمى ۋە خەنزۇ خەلقىنى باشلاپ، ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىش ئارقىلىق خېشىنى قايتۇرىۋالغاندىن كېيىن، مىلادى 851 - يىلى ئۇدۇنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، تاڭ خاندانلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن جاڭ يىچاۋنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا باشلىغان. كېيىنكى لياڭ خانلىقى چەنخۇانىڭ 2 - يىلى (912) مەشھۇر ئۇدۇن خانى ۋىسا سامبىخاۋا (لى شىڭتيەن) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەن. ئۇ ئۆزىنى تاڭ خاندانلىقىغا تەۋە دەپ ئاتىغان. كېيىن جىن سۇلالىسى تيەنفۇنىڭ 3 - يىلى (938) جيەنشاۋ تەيپۇي ماجىرۇڭنى جىن سۇلالىسىگە تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى كېزىپ كەيفېڭغا بېرىپ مەركىزىي خاندانلىققا سادىق، تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. جىن خانلىقى يىراق يولنى بېسىپ كەلگەن بۇ ئەلچىنى ئادەتتىن تاشقىرى داغدۇغا بىلەن كۈتۈپ، ماجىرۇڭغا ئەلنى تىنجىتقۇچى بۈيۈك سەركەردە دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن، ۋىسا سامبىخاۋا بۈيۈك ئۇدۇن خانى قىلىپ تەيىنلەنگەن. مىلادى 960 - يىلى سۇڭ خانلىقى قۇرۇلغاندا، ئۇدۇننىڭ ۋىسا جەمەتى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكىرىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان. ۋىسا سامبىخاۋا ئۆز ئوغلى سۇڭدېنى ئەۋەتىپ «تارتۇق تەقدىم قىلغان»، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەل بولغان قوشۇننىڭ ساۋ جەمەتىدىن بولغان ساترابى بىلەن قۇدىلاشقان. ئۇدۇن خانى ۋىسا سامبىخاۋا خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قەدىرلەپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىرىدەك كېيىنگەن، مەمۇرىي تۈزۈمدە كۆپىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرىنى دورىغان.

مىلادى X ئەسىردىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئۇدۇندىكى ۋىسا جەمەتىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى تازا قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە چەرچەن شەھىرىگە، غەربتە يەكەنگىچە شەرقتىن غەربكە نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىگە كېڭەيگەن، زېمىن دائىرىسى

تىنچ بولۇپ، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنى تارقىتىۋاتقان قاراخانىلار خانلىقى بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىپ، بىر نەچچە ئون يىلغىچە دىنىي ئۇرۇش بولغان. XI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار خانلىقى ئۇدۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مەركىزىي هاكىمىيىتىگە ئاكتىپ يېقىنلاشقان. XI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تاڭغۇتلار ئەسكەر تارتىپ گەنجۇ، شاجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستىنى ئىشغال قىلىپ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، سودا ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلغان. ئۇدۇن خانى دۇڭنى مىجىيدۇ سۇڭ خانلىقىغا «ياخشىلىق قايتۇرۇش» ئۈچۈن، ئەسكەر چىقىرىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، سودا ئىشلىرىدىكى توسالغۇنى يوقىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان، سۇڭ خانلىقى بۇنىڭغا قوشۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەركىزىي خانلىق بىلەن دوستانە تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن.

يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئۇدۇن مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىدا ئارقا - ئارقىدىن شانلىق، كۆركەم تارىخ سەھىپىلىرىنى قالدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا ئالاهىدە تۆهپىلەرنى قوشقان. كۈنلۈننىڭ شىمالىدىكى كەڭ بوستانلىقتا، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە بۇ خىل تارىخىي ئەنئەنە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ شانلىق نۇرىنى چاقنىتىپ كەلگەن. 1865- يىلى قوقەندلىك هەربىي كاتىباش ياقۇپبەگ زورلۇق ۋە ئالدامچىلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، يەكەندىن خوتەنگە بېسىپ كىرگەندە، يەرلىك خەلق قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق ئېلىشقان، نەچچە ئون مىڭ ئادەم قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن قەهرىمانلارچە كۈرەش قىلىش روھىنى نامايەن قىلغان. 1912 - يىلى 6 - ئايدا يۈز بەرگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەلنى زىلزىلىگە سالغان چىرىيە كەنتى ۋەقەسى خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان هەر مىللەت خەلقىنىڭ چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تولۇپ تاشقان غەزەپكە كېلىپ، ئۇلاردىن قىلچە قورقماي، ئۇلارغا باش ئەگمەي، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىشتەك قەهرىمانلىقىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن.

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى خەلق تەبىئىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، چوڭ- كىچىك بوستانلىقلاردا تارقاق ياشاپ، دائىم يات مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلى-

(داۋامى 7 - بەتتە)

ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرى بىز ئۈچۈن ئەينەك بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى بىرەر پارچە قىسقا ماقالە بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىش ئۈچۈن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈلدى. تۆۋەندە بىر نەچچە جەھەتتىن سۆزلىنىدۇ.

1. دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە قۇرۇلمىسىنىڭ شەكلى جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مەملىكىتىمىز بولسا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بەزىلەر بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەتتا ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونوم رايونلىرىنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرگە ئۆزگەرتىپ، مۇشۇنداق بىر خىللا تۈزۈمدىكى دۆلىتىمىزنى فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە ئۆزگەرتىشنىمۇ تەلەپ قىلدى. بۇ مەسىلە 50 - يىللاردىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا جۇئېنلەي زۇڭلى بۇ مەسىلىنى مەخسۇس تەھلىل قىلىپ ۋە تەپسىلىي شەرھىلەپ ئۆتكەنىدى. ھالبۇكى بۇ مەسىلە بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە يەنىلا ھەل بولمىغان. ئۇلار جۇڭگو ئەھۋالىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنىڭ جۇڭگوغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. مەملىكىتىمىز ئەزەلدىنلا بىرلىككە كەلگەن، ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تارىخنىڭ چاقىنى ئارقىغا بۇرىغانلىق بولىدۇ، ئۇنداق قىلىش ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىككە ۋە مۇستەقىللىككە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىسىز، ھەم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا پايدىسىز، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلـ

---

گە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز يۇرت - زېمىنلىرىنى قىزغىن سۆيۈشتەك چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئارزۇ قىلىشتەك ھەققانىي تەلىپى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايەن قىلىپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقان.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىل 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: روزى تۇردى